# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

23



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 23

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事．23：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－12018－5

Ⅰ．维… Ⅱ．维… Ⅲ．维吾尔族－民间故事－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I277.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第177974号

| | |
|---|---|
| **策　　划** | 阿不都热合曼·艾白，艾合买提·伊明 |
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| **封面设计** | 买买提·诺贝提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **开　　本** | 880×1230毫米　1/32 |
| **印　　张** | 5 |
| **版　　次** | 2008年11月第1版 |
| **印　　次** | 2008年11月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1－5000 |
| **定　　价** | 12.00元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 23


نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12018—5
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۇمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن يامانني، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۈمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چىچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


بۆرىنىڭ ئۆلۈمى ............................1

قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ ..................8

قەھرىماننىڭ قىسسىسى ....................14

قازان تۇۋى ..................................138

ئۇلاي بىلەن قاغا ...........................142

تېكە، قوچقار ۋە بۇقا .........................146

# بۆرىنىڭ ئۆلۈمى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانى ئاۋۋالدا ئىككى جاڭگال بولۇپ، بىرىدە قوي - ئۆچكە، بۇغا - مارال، ئات - قېچىرلار، يەنە بىرىدە بىر ياۋۇز بۆرە ياشايدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، بۆرىنىڭ يېمىكى تۈگەپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر قېرى تۈلكە ئۇچراپتۇ. بۆرە ئۇنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— تۈلكە ئاداش، قورسىقىم ئېچىپ، ماجالىم قالمىغانىدى، خويمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ، ئەمدى مەن سېنى يەيمەن، نېمە دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، ئەمما ئۇ دەررۇ ئېسىنى يىغىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ھىجىيىپتۇ.

— مەن ئۇكا، ئۆزلىرى ئاكا، — دەپتۇ تۈلكە، — ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى رازى قىلاي دېسىلە، مېنى يولۇمغا ماڭغىلى قويسىلا.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— ھايۋانلارنىڭ ياۋشى، سىمىزلەرنىڭ سىمىزى ئالدىلىرىدىكى جاڭگالدا ئوتلايدۇ، شۇ يەرگە بارسىلا ئوزۇقلىرى تۈگىمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭ باشلاپ بارسەن، گېپىڭ راست

چىقمىغۇچە قويۇپ بەرمەيمەن.

تۈلكە «ماقۇل»غا كەپتۇ، بۆرىنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭگال ياقىسىغىچە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۆرە بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، راسا جايلىشىپ مۆكۈپ، قۇلىقىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سەپسالسا، ئۇششاقۇ چوڭ، پىششىقۇ تولۇق جىمى ھايۋان بىر يەردە ئوتلاۋاتقۇدەك. توپتىن بىرەرىنى ئايرىپ چىقىشقا كۆزى يەتمىگەن بۆرە:

— ئۇنى قانداق يەيمەن؟ تۇرسا تارقالماي توپلىشىپ، بارسام تۇتۇۋالمىدۇ بىرلىشىپ؟ — دەپتۇ.

— بۆرە ئاكا، مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىچا چاچاي، جېدەللەشسۇن، بىر - بىرىنى چاقاي، — دەپتۇ تۈلكە ئەقىل كۆرسىتىپ.

تۈلكىنىڭ مەسلىھىتى بۆرىگە يېقىپتۇ، ۋەدە ئېلىپ يولغا سېپتۇ. تۈلكە چوڭ يولنى تاشلاپ، سۆڭگىچىنى قاشلاپ ئېرىق بىلەن مېڭىپتۇ. قاشتا بىر پادا قوي ئوتلاۋاتقانىكەن، يېقىن بېرىپ:

— قوي ئاداش، ئېلىپ كەلدىم خەۋەر، بولمىساڭلار چېۋەر، تۈگەيسىلەر قوزا - ئوغلاقلىرىڭلارغا قەدەر، — دەپتۇ. قويلار:

— ھەي بۇرادەر، ئۇ نېمە دېگىنىڭ، ئوچۇقراق ئېيتقىنىچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، تۈلكە:

— بۈگۈن توخۇ - ئۆردەك ماراپ كېتىۋاتسام، چوڭ ھايۋانلار: «قوي - ئۆچكە بىلەنمۇ بىر جاڭگالدا ياشامدىغان، ئۇ تويماسلار قۇرتتەك غولداپ، ئوت - چۆپىمىزنى يەپ بولغىلى تۇردى، ئەدىپىنى بەرمىسەك بولمىدى» دېيىشىۋاتىدىكەن، «ئۇنداق قىلماڭلار» دېيىشىمنى بىلەرمەن، قىچىر: «ماڭ، ئىشىڭنى قىل» دەپ بىرنى تەپتى، جاندىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم، ئەمدى مەن قانداق قىلاي، نەگە بېرىپ،



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

نەدە تۇراي ! — دەپ دىڭگوسلاپ يىغلاپتۇ.

قويلار غەزەپكە كېلىپ، چوڭ ھايۋانلارغا قارشى جەڭگە ئۆتۈشكە تەييارلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ. تۈلكە غېپىدە يانتاقلىققا سەكرەپ، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ يۆت-كەپ، بىر قېچىرنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە:

— ھەي بۇرادىرىم، قۇلاق سال گېپىمگە، دەردىڭنى يۇ-تۇۋەرمەي ئىچىڭگە، — دەپتۇ. قېچىر تۈلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپتۇ:

— نېمە دەيسەن، تۈلكە ھەييار؟ گەپنى ئوچۇق دېمىسەڭ پەشۋايىم تەييار.

تۈلكە قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ، قېچىرنىڭ ئالدىدا كۆ-چۈكلىنىپ يېتىپتۇ:

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، ئۆزۈڭنى قويۇپ قىسقى-سىنى ئېيتسام بولار: ئۆز ماكانىمغا قاراپ، توخۇ - ئۆردەك ماراپ كېتىۋاتسام، لەكمىڭ - لەكمىڭ قوي: «چوڭ ھايۋانلار-نىڭ قارنى يامان، ئوت - چۆپلىرىمىزنى قويمىدى ئامان، قوغلىۋەتمىسەك بولمايدۇ ھامان» دېيىشىپ، قورال - جابدۇق-لىرىنى ئېلىشىپ، سىلەرگە قارشى جەڭگە تەييارلىنىۋېتىپ-تىكەن، توسسام ئۇنى-ماي قېلىشتى. بول-مىساڭ چاققان، قال-سەن بالاغا، بىلمەي يۇردۇڭمۇ تېخىچە، ئات خوجاڭ كىرىپ بول-غان كامارغا.



قېچىر تۈلكىنىڭ گېپىگە بىر ئىشى-

نىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرسا، ئالدى تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭ-لىنىپتۇ. قىچىرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى چا-قىرتىپتۇ. ئاتتىن باشقىسى يىغىلىپتۇ. ئات يىراق يايلاقتا كەتكەنلىكتىن خەۋەر تاپالماپتۇ. قىچىر تۈلكىنىڭ گېپى راست ئىكەن، ئات — بىر خۇيى يات، دېگەن مانا شۇ ئىكەن دەپ، ئاتتىن يامانلاپ پېشىنى قىقىپتۇ، تاياق - توقماق راسلاپ، ھەمراھلىرىنى باشلاپ، قوينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. بۇغا - ماراللار ھاڭ - تاڭ قېلىپ قاراپ قاپتۇ.

تۈلكىنىڭ خۇشلۇقتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، كەلدى بەختىم ئوڭدىن، قۇتۇلدۇم ئەمدى بۆرىۋايدىن دەپ ئويلاپ، ئېرىقنى بويلاپ يۈگۈرە - يۈگۈرە بۆرىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بۆرە بولغان ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن، تۈلكىگە ئا-پىرىن ئوقۇپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزى چىشلىرىنى بىلە-لەپ، رەقىبلىرىنى كۆزلەپ يولغا چىقىپتۇ.

قوي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قېشىدا ئاچلىقتىن قور-ساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن بىر بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغۇدەك. قوي، يالۋۇرۇپ بولماس يىرتقۇچقا، تەڭ كېلەلمەس-مەن ھەم يالغۇز بولغاچقا، ئىشلىتىپ پەم، قاچاي دەرھال، بولماي ئۇنىڭغا يەم، دەپ ئويلاپ:

— بۆرە ئاداش، مەنمۇ سېنى كۈتۈپ ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى، قورسىقىڭ راستتىن ئېچىپتۇ، يېسەڭ يېگىن، لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار، — دەپتۇ.

— ئېيتقىن ئەمىسە، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ بۆرە. قوي تەمتىرىمەي سۆزلەپتۇ:

— كىچىك ۋاقتىمدا ئانام ماڭا بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويغانىدى، ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، سېنىڭدىن باشقىلار ئۆگىن-

ـنىۋالسا، سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ دۇنيادا نام ـ ئاتىقىمىز قالىدۇ.
بۆرە تاقىلداپ كەتكەن نەپسىنى بېسىپ:
ـــ بوپتۇ، قېنى، ھۇنىرىڭنى كۆرسەت، ـــ دەپتىكەن، قوي:
ـــ سەن ماۋۇ دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ داپ چېلىپ بېـ ـرىسەن، مەن پەستە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايمەن، ھۇنىرىمنى شۇ چاغدا بىلىسەن، ـــ دەپتۇ.
بۆرە «خوپ» دەپ، قولىغا داپنى ئېلىپ دۆڭگە يامىشىپتۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپادا دۆڭگە چىقىپ پەسكە قارىسا، قوي قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك، قوغلاي دېسە، چامى يەتمىگۇدەك. بۆرە قوينىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ئىككىنچى ئالدانماسلىققا ئانت ئىچىپ كېتىۋاتسا، بىر بوغاز بۇغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە خۇش بولۇپ:
ـــ ھەي بۇغا، تۇلكە ئىنىم كۆرسىتىپ قويدى سېنى، بىر قېتىم ئالداندىم، ئەمدى ئالدىيالمايسەن مېنى، قىمىرلـ ـما، يەيمەن سېنى، ـــ دەپتۇ.
بۇغا ھەقەمسايىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ تۇرغانىكەن، بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممە شۇملۇق تۇلكـ ـدىن كەلگەنلىكىنى پەملەپ ئىچىدە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۆرىگە دەپتۇ:
ـــ سېنىڭ كېلىشىڭنى بىلەتتىم. يېسەڭ ئاغرىنمايمەن. ئەمما، مەن سەندىن نەچچە ھەسسە چوڭ، قورسىقىمدا بالىلـ ـرىم بار تېخى، يەپ تۈگىتەلمەسلىكىڭدىن غەم قىلىمەن. بۇ ـ نىڭ ئۈچۈن ماۋۇ تاغقا چىقىپ، پىياز، زىرە ئېلىپ چۈشۈپ، گۆشۈم بىلەن مەلھەم قىلساڭ، تامام يەپ بولالايسەن، ئۈچ كۈنگىچە قورسىقىڭ ئاچمايدۇ.
بۆرە بىرئاز ئويلىنىپ:
ـــ راست ئېيتتىڭ، دوستۇم، يەنە ئوۋ قىلىمەن دەپ يۈرەيمۇ؟ تۇرۇپ تۇرغىن، ھازىرلا ئېلىپ چۈشەي، ـــ دەپ

تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ.

بوغا بۆرىنى ئۆزىتىپ قويۇپ، ھەمشىرىلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپتۇ، قېچىپ كېتىۋېتىپ قېچىرغا خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ، قېچىر ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. بۆرە بوغىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىغا پايلىماي، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي پىيادە يۈگۈرۈپ كەلگەن يولدىن كەينىگە قايتىپتۇ. تاغ باغرىدا بىر ئات يولغا قاراپ تۇرغانىكەن، بۆرە ئالدىغا بېرىپ:

— تۈلكە ئىنىم «قاچتى» دېگەنتى سېنى، مۆكۈۋاپسەن ئوتلاقتا، ئوخشاپ قاپسەن بوتىلاقتا، يېمەكچىمەن سېنى، ئېيت، نېمە دەيسەن قېنى؟ — دەپتۇ.

ئات بۆرىنىڭ ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى قويىدىن ئاڭلاپ، ئۈچىرىشىش پەيتىنى تىلەپ تىڭلاپ ئالدىغا چىققانىكەن، بۆرىنى كۆرۈپ:

— ۋاي قەدىناس ئادىشىم، تاپالماي سېنى قاتقانتى باشىم. ئوبدان كەپسەن، مۇرادىمغا يەتكۈزسەڭ مېنى، گۆشۈم بىلەن تويغۇزىمەن سېنى، — دەپتىكەن، بۆرە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ:

— نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇغۇلغان كۈنۈم ئانام ماڭا: «بالام، پۇتۇڭدا خەت بار ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر موللا بۆرە سېنى يېگىلى كېلىدۇ، شۇنىڭغا ئوقۇتۇۋالغىن، باشقىسى ئوقۇيالمايدۇ» دېگەندى. نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرەتتىم، ئاڭلىۋېلىپ ئۆلسەم، مۇرادىمغا يېتەتتىم، — دەپتۇ ئات.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بۆرە، — مەرد ئىكەنسەن، سەنمۇ مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەت، مەنمۇ ئارمىنىمغا يېتەي، خەت قايسى پۇتۇڭغا يېزىلغان، كۆرسەت!

— مانا مۇشۇنىڭغا، — دەپ، ئات ئوڭ ئارقا پۇتىنى

كۆرسىتىپتۇ.

بۆرە يىراقتىن تۇرۇپ، ئۇيان قاراپ، بۇيان قاراپ خەتنى كۆرەلمەي بېشىنى كۆتۈرۈۋاتقاندا، ئات چۈشەندۈرۈپتۇ:

— مەن سېنى ئۇزاقتىن - ئۇزاققا ئىزدەپ، كەزمىگەن چۆل - جەزىرە، چىقمىغان تاغ - داۋان، كىرمىگەن سازلىق قالمىدى، ماڭغان يولۇم ئاز ئەمەس، خەتنىڭ ئۈستىگە لاي چاپلىشىۋالغاندۇ، يېقىنراق كەلسەڭ كۆرەلەيسەن.

بۆرە «ماقۇل» دەپ، يېقىنلاپ ئېگىشكەنىكەن، ئات تازا كېلىشتۈرۈپ ۋاققىدە بىرنى تېپىپتۇ. بۆرىنىڭ چىشلىرى تۆكۈلۈپ، بېشى يېرىلىپ ئوڭدا چۈشۈپتۇ - دە: «ئاتام ئوقۇمىغان قارا خەتنى، ئانام ئوقۇمىغان قارا خەتنى، ئوقۇيمەن دەپ بىكار تاپتىم، جېنىمغا توختىغان دەردنى» دەپ، ھەسرەت بىلەن جان ئۈزۈپتۇ.

ئات خۇشلۇقتا ئوتلاقمۇئوتلاق يېرىپ، بۆرىنىڭ ئۆلۈمى، تۈلكىنىڭ شۇملۇقىنى قوشنىلىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. قوي - ئۆچكە، بۇغا - مارال، ئات - قېچىر يېڭىۋاشتىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاداۋەتلىرىنى يۇيۇپ، بىر تۇغقان - قېرىنداشتەك ئۆملىشىۋاپتۇ، تۈلكىنى قورشاپ تۇتۇپ، كۆلنى كۆككە سورۇپتۇ.



# قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، ئاچ-ىنىڭ غېمى ئاچلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئىكەن. شۇ زامانلاردا بىر يەردە بىر بالا بوپتىكەن، ئۇنىڭ ئېتى قۇتلۇق ئىكەن، يۈرىكى ئوتلۇق ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇتلۇقجان چۈش مەزگىلى ئېتىز-دىن قايتىپ، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كەلسە، دالان ئۆينىڭ ئوتتۇر-ىسىدا بىر قارلىغاچنىڭ بالىسى پالاقلاپ ياتقۇدەك، ئاستا قو-لىغا ئېلىپ قارىسا، بىچارىنىڭ بىر پۇتى سۇنغان، ھالى بەك خاراب، زار - زار يىغلاپ تۇرغان...

قۇتلۇق بۇ قارلىغاچ بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قاناتلىرىنى سىلاپتۇ، باشلىرىغا سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۇۋاپتۇ، نېمە بولدى، پۇتۇڭ... دەپ ھالىنى سوراپتۇ. ئاڭغىچە تام - تورۇسلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ئانا قارلىغاچلار قۇتلۇققا قاراپ:

— ۋاي - ۋاي ئىسىت، ۋىچىر - ۋىچ، بىلەلمىدۇق سىرنى ھېچ. ئېيتىڭ بىزگە، قۇتلۇقجان، نېمە بوپتۇ، نېمە ئىش؟ — دەپ سايراپتۇ. قۇتلۇقجان:

— ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ، سىلەر يوقتا بۇ بەڭۋاش، پېتىشماستىن ئۇۋىدا، مېيىپ بوپتۇ يىقىلغاچ... — دەپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا قارلىغاچلار بۇنى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com